چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

# باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى دەرسخانىسى ئېتىزلارغا كۆچۈرۈلدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

قەھرىتان قىش، بىر ئالاھىدە سوۋغات پوسكام ناھىيەسى ئايكۆل يېزىسى ئايدىڭكۆل كەنتىگە ئىللىقلىق ئېلىپ كەلدى.

1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر پوسكام ناھىيەلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئايكۆل يېزىلىق شۆبە مەكتىپىگە كېلىپ، ئايكۆل يېزىسىدىكى باغۋەنلەرنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەرنى يېشىپ بەردى، ياڭاق پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

«مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۈگۈن يېزىمىزغا كېلىپ دەرس سۆزلەپ، بىزگە ياردەم قىلىپ تۈگۈنلەرنى يېشىپ بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، كېچىكىپ قالسام ئورۇن قالماسلىقىدىن ئەنسىرىدىم.» تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشى بىلەنلا، ئايدىڭكۆل كەنتىنىڭ 24 ياشلىق كەنت ئاھالىسى نۇرلامەت مەمەت پوسكام ناھىيەلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئايكۆل يېزىلىق شۆبە مەكتىپىگە يۈرۈپ كەتتى.

«مۇتەخەسسىسلەر قولمۇقول يېتەكچىلىك قىلدى، بۇلتۇر ئائىلىمىزنىڭ 18 مو ياڭاقلىقىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 300 كىلوگرامغا، مو بېشى كىرىمىمىز 4500 يۈەنگە يەتتى.» كەنت ئاھالىسى غولام تاھىر مۇنداق دېدى: «مۇتەخەسسىسلەر ئېلىپ كەلگەن باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى دەرسى ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشتى».

«ياڭاقنى يىغىۋالغاندىن كېيىن شاخلارنى پۇتاش كېرەك، چۈنكى مېۋىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن قىش پەسلىدە يوپۇرماق تۆكۈلۈشتىن بۇرۇن يەنە بىر مەزگىل ئۆسۈش مەزگىلى بولىدۇ، قىش، باش ئەتىيازدا پۇتاشنىڭ ئېغىر زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 11 ـ ئايغىچە پۇتاش كېرەك.» قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىكى تۇنساگۈل ۋاسىل كەنت ئاھالىلىرىگە تەپسىلىي چۈشەندۈردى: «كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن، پەسكە ساڭگىلىغان، قاتمۇقات، زىچ، قۇرۇپ كەتكەن شاخلارنى شالاڭلىتىپ، باغنى تازىلاپ، يىغىپ كۆيدۈرۈش ياكى چوڭقۇر كۆمۈش كېرەك...»

«مۇئەللىم، ئائىلىمىزدىكى ياڭاق دەرىخىنىڭ مېۋىلىشى ئاز، قانداق قىلىش كېرەك؟» كەنت ئاھالىسى روزى ئەمەت تىت ـ تىت بولغان ھالدا سورىدى.

«ئۈچ ئوغۇت، تۆت سۇغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، ياڭاق دەرىخى چېچەكلەش مەزگىلىدە دەرەختىكى پاختىسىمان ئاتىلىق گۈل رېتىنىڭ 70%نى كېسىۋېتىپ، 30%نى قالدۇرۇپ قويساڭلا چاڭلىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ».

«مۇئەللىم، سىز بىزنىڭ ياڭاقلىقىمىزغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ، ئالدىمىزدىلا، ئانچە يىراق ئەمەس» دېدى نۇرلامەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ.

ئايدىڭكۆل كەنتىدىكى بىر پارچە ياڭاقلىق باغقا كېلىپ، تۇنساگۈل ياڭاقلىق باغنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، نۇرلامەتنى «خاتىرجەم قىلدى»: «بۇ دەرەخلەر تېخى كىچىك، ئىلمىي پەرۋىش قىلساڭلا، يىلدىن ـ يىلغا مېۋىسى كۆپىيىدۇ».

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، نۇرلامەت يەنىلا بولدى قىلماي، «ئۆيدىكىلەر شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت جاپا تارتتى، ئازراقمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزسەم بولمايدۇ» دەپ، مۇئەللىمنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. تۇنساگۈل مۇنداق دېدى: «مەن ئالاقىلىشىش نومۇرۇمنى سىزگە قالدۇراي، كېيىن يەنە قانداق مەسىلە بولسا، ماڭا بىۋاستە تېلېفون قىلىڭ.» بۇ گەپنى ئاڭلاپ نۇرلامەت ناھايىتى خۇشال بولدى. تۇنساگۈل دەرسخانىدا دېھقانلارغا دەرس ئۆتكەندىن باشقا، مۇشۇنداق ئېتىز بېشىغا بېرىپ كەنت ئاھالىلىرىگە باغۋەنچىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىتىشكە بۇرۇنلا كۆنۈپ كەتكەن.

بىلىپ ـ بىلمەي كۈن كەچ بولدى، تۇنساگۈل بۇ باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى دەرسىنى ئاخىرلاشتۇردى، ئۇ بىر تەرەپتىن كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشقاچ، بىر تەرەپتىن مۇنداق دېدى: «يۇرتداشلار، مەن دائىم كەنتكە كېلىپ تۇرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە نۇرغۇن پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى بار!»

«بۇنداق دەرس بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن بىر ئالاھىدە ‹سوۋغات›. بۇنداق ‹سوۋغات›نىڭ تېخىمۇ كۆپرەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!» دېدى نۇرلامەت خۇشال ھالدا.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دەرستىن كېيىن، بەزىلەر تۇرسۇنجاندىن چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى سورىدى، ئۇ تاكى قارشى تەرەپ بېشىنى لىڭشىتقانغا قەدەر بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن ئۈلگە كۆرسىتىپ قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردى. «مەن تېخنىكىنى كۆپچىلىككە ئۆگىتىپ، ئۇلارنىمۇ كىرىمنى ئاشۇرسىكەن دەيمەن» دېدى تۇرسۇنجان.

### سودىنىڭ ياخشىلىقىدىن يېتىشەلمەي قېلىش

تۇرسۇنجاننىڭ چىرا ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشتى. «بۇ يېرىم يىللىق كىرىم ئۆتكەن بىرنەچچە يىللىق كىرىمنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ كېلىدۇ» دېدى تۇرسۇنجان ھاياجانلانغان ھالدا.

تۇرسۇنجان ئەسلىدە بېزەكچىلىك قىلاتتى، ماتېرىيال ساتاتتى. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە سافا ياساش دۇكىنى ئاچتى، ھازىر 200 مىڭ يۈەنلىكتىن ئارتۇق زاكاز بار. «بازارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغاندىلا بازار تاپقىلى بولىدۇ، سودىمۇ بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ.» تۇرسۇنجان مۇنداق دېدى: تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ سۆزى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى، شۇڭا تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشىم چىرا ناھىيەسى ۋە ئەتراپىتىكى يېزا ـ بازارلارغا بېرىپ بازار ئىزدەش بولدى. «زامانىۋى تۇرمۇش ئېقىمىنى تونۇشمەن دەپمۇ تونۇۋالغىلى بولمايدۇ، ناھىيە بازىرىدا قەھۋەخانا، KTV، خوگوخانا ھەممىلا يەردە بار، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ مودا سافالار قويۇلدى...» بۇلارنى سۆزلەۋېتىپ تۇرسۇنجاننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ئۆيمۇئۆي، ھەتتا بېزەۋاتقان دۇكانلارغىمۇ كىرىپ سوراش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىردا بىرنەچچە دۇكان خوجايىنىنىڭ ئېسىل ھەم كۆركەم خۇرۇم سافا ئېلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما مۇۋاپىق مال مەنبەسى تاپالمىغانلىقىنى بىلدى.

ئىلگىرىكى ياغاچچىلىق ھۈنىرىگە تايىنىپ، تۇرسۇنجان خۇرۇم سافا ياساشقا تەييارلىق قىلدى. كۆپ جايلاردىن سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق، ئۇ يۇقىرى ماھاش بىلەن سىچۈەندىن كەلگەن بىر ئۇستامنى تەكلىپ قىلدى، يەنە بىر نەچچە ئادەمنى تەكلىپ قىلدى، كۆپچىلىك بىرلىكتە ئۇستامدىن ئۆگەندى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، تۇرسۇنجان 50 مىڭ يۈەنلىك تۇنجى زاكازنى تاپشۇرۇۋالدى. بارا ـ بارا ئەتراپتىكى ناھىيەلەردىنمۇ بەزىلەر ئۇنى ئىزدەپ خۇرۇم سافا زاكاز قىلدى. بازارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۇ ياۋروپاچە ئۇسلۇبتىكى سافا ياساشقا باشلىدى. ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش تەس بولغانلىقتىن، ئۇ تاۋباۋدا زاكاز قىلغاندىن كېيىن، مال شىئەندىكى بىر قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى دۇكىنىدىن چىراغا ئەۋەتىلدى.

سافا سودىسى بارغانسېرى ياخشى بولدى، بېزەكچىلىك شىركىتىنىڭ كەسپىدىمۇ زاكازلار كەينى ـ كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى. تۇرسۇنجاننىڭ دېيىشىچە، ھازىر نۇرغۇن كىشى ئۆي بېزەشتە ئۇنى ئىزدەيدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ تىجارىتى بىرقەدەر قېلىپلاشقان بولۇپ، ھەربىر كەسىپتە توختام ئىمزالايدىكەن. «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە قانۇن ئۆگەنگەندىن كېيىن توختام ئىمزالاشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، سودىنىڭ تېخىمۇ بىخەتەر، تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئاندىن بىلدىم، خىزمەت ئۈنۈمىمۇ خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى».

تۇرسۇنجان كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارنى بىر يىل ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

### كىشىلىك ھاياتنى قايتىدىن ئويلىنىش

تۇرسۇنجان ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى ئۈچۈن، بىر مەزگىل ئۆزىنى بېكىندۈرۈپ، سودا ـ تىجارىتىمۇ ناھايىتى قىيىنلاشقان. بېزەكچىلىك قىلىش جەريانىدا، بىر قىسىم خېرىدارلار توردىن سېتىۋالغان مەھسۇلاتلىرىنى قۇراشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، ئۇ مەھسۇلاتلارنى «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دەپ، ھەرخىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ رەت قىلغان. ئەھۋال ئېغىرلىشىپ، كەنت كادىرلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زىيارەت قىلغاندا، ئۇ ھەتتا ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشنى ئويلىغان. «شۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ‹كاپىر›، ئۇلار بىلەن جىق ئۇچراشسام، دوزاخقا كىرىمەن دەپ قارىدىم، شۇڭا كەنت تەشكىللىگەن كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە پەقەتلا قاتناشمىدىم» دېدى ئۇ.

تۇرسۇنجاننىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى 2013 ـ يىلىدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ئەينى چاغدا بىرەيلەن ئۇنىڭغا QQ ئارقىلىق بىر ئۇلانمىنى ئەۋەتكەن، «مەزمۇنىدا ‹ھەقىقىي مۇسۇلمان›نىڭ نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكى، نېمىلەرنى قىلماسلىقى كېرەكلىكى دېيىلگەن.» تۇرسۇنجان مۇنداق دېدى: دەسلەپتە دىققەت قىلماپتىمەن، كېيىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋالدىم، ھەممىسى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلغان مەزمۇنلار ئىكەن. «كۆپ كۆرگەندىن كېيىن بارا ـ بارا ئاشۇ مەزمۇنلار توغرىدەك، مەن شۇ بويىچە قىلىشىم كېرەكتەك ھېس قىلدىم».

شۇنىڭدىن كېيىن، تۇرسۇنجان ئۆزگىرىپ تاماكا تاشلىغان، ھاراق تاشلىغان، خوتۇنىدىن سىرتقا چىققاندا چوقۇم نىقابلىق كىيىم كىيىشنى تەلەپ قىلغان، ئۇ ھەتتا خوتۇنىنىڭ بارلىق گىرىم بۇيۇملىرىنى تاشلىۋەتكەن. تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكىنى شۇكى، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى «كاپىر» دەپ قاراپ، بارا ـ بارا بەزى سودا ھەمراھلىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمىغان.

«مەن شۇ چاغدا بەك مەنمەنچى بولۇپ كەتكەنىدىم، ھېچكىمنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمايتتىم، ھەتتا ئۇلارنى تىللايتتىم.» تۇرسۇنجان مۇنداق دېدى: كېيىن سودام بارغانسېرى ناچارلىشىپلا قالماي، ئاستا ـ ئاستا دوستلىرىممۇ قالمىدى.

دادىسى تۇرسۇنجاندىن ناھايىتى ئەنسىرىگەن، ئۇ دادا نەچچە كېچە ئۇنىڭ بىلەن سەممىي سىردىشىپ، ئۇنى چىرا ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا دەۋەت قىلغان. تۇرسۇنجان سىناپ بېقىش ئويى بىلەن دادىسىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلغان. «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن، مەن دۇنيايىمنىڭ يورۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم» دېدى تۇرسۇنجان.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق تۇرسۇنجان مۇنداق دېدى: «مەن ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىمنى، ئىلگىرى توغرا دەپ قارىغان ئاشۇ مەزمۇنلارنىڭ پەقەت يامان غەرەزدىكى كىشىلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتىم».

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تۇرسۇنجان كىشىلىك ھاياتى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشقا باشلىغان. «مەن يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى قۇتقۇزۇۋالدى».

### مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بولۇش

يېقىندا بىر مەزگىلدە تۇرسۇنجان ئادەتتىن تاشقىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، چۈنكى بېزەكچىلىك شىركىتىنىڭ سودىسى بەك ياخشى بولغاچقا، 12 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، سەككىز شاگىرتى بىلەنمۇ يېتىشەلمەي، بېزەكچىلىك تېخنىكىسىنى بىلىدىغان خادىملارنى جىددىي تەكلىپ قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولدى. لېكىن تەكلىپ قىلىش ئېلانى بېرىلىپ يېرىم ئاي بولغان بولسىمۇ، تېخىچە مۇۋاپىق ئادەم چىقمىدى. زاۋۇت خۇرۇم سافا ياساش زاكازلىرىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىشقا پېتىنالمىدى، ھازىرقى تۆت ئىشچى ـ خىزمەتچى پەقەتلا يېتىشەلمەي قالغانىدى.

چىرا ناھىيەسىنىڭ دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتە تەربىيەلەشكە تەشكىللىگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تۇرسۇنجان تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوقۇتقۇچى بولۇشقا تىزىملاتتى. «مەن بېزەكچىلىك تېخنىكىسىنى بىلىمەن، يەنە سافا ياساشنىمۇ بىلىمەن، مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىگە تېخنىكا ئۆگەتكۈم بار» دېدى تۇرسۇنجان تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەربىيەلەش مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا. تەجرىبىسى مول بولغاچقا، تۇرسۇنجان يۈزتۇرا ئىمتىھاندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، بىر ئوقۇتقۇچىغا ئايلاندى. ھەر كۈنى ئالتە سائەت دەرس بار بولۇپ، چۈشتىن بۇرۇن ئىككى سائەت نەزەرىيە دەرسى، چۈشتىن كېيىن تۆت سائەت ئەمەلىيەت مەشقى دەرسى ئۆتۈلىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى دۇكىنى، بېزەكچىلىك شىركىتى ۋە تەربىيەلەش مەكتىپىدىن ئىبارەت ئۈچ جايغا قاتراپ، «پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا تۈگىمەس كۈچ باردەك ھېس قىلىمەن» دېدى تۇرسۇنجان.

نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تۇرسۇنجان سافا ياساش زاۋۇتىنى تەربىيەلەش مەكتىپىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، بىر تەرەپتىن دېھقانلارغا تېخنىكا ئۆگەتكەچ، بىر تەرەپتىن سافا ياساپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ ئوقۇتۇشنىڭ ھېچقايسىسىغا دەخلى يەتكۈزمىدى.

ئەمەلىيەتتە، تۇرسۇنجاننىڭ «شەخسىي غەرىزى» بار ئىدى، ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئۇ تېخنىكىسى ياخشى، ئىشقا تېزلا كىرىشكەن بىر قىسىم دېھقانلارنى بايقاپ، ئالدىن خىزمەت ئىشلەپ، يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قارشى تەرەپنىڭ تەربىيەلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ شىركىتىگە بېرىپ ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلدى. «ھازىر تۆت ـ بەش ئادەم تاپتىم» دېدى تۇرسۇنجان.

ئىگىلىنىشچە، تەربىيەلەشكە قاتناشقان دېھقانلار چىرا ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تېخنىكىسى يوق ئىكەن، يەرلىك ھۆكۈمەت دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ كەنت ئاھالىلىرىنى تېخنىكا جەھەتتە تەربىيەلەشكە قاتنىشىشقا تەشكىللىگەن.

«ئەسلىدە كۆڭلۈمنى ياخشى ئۆتكۈزسەملا بولىدۇ دەپ قارايتتىم، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مېنى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى.» تۇرسۇنجان مۇنداق دېدى: ھەربىر ئادەم چامىنىڭ يېتىشچە دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. مەن سودىنى بارغانسېرى زورايتىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىمەن.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ئاق يولۋاس تۈەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش قەھرىمانى ياڭ يۈسەي



ياڭ يۈسەينىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر لى خاۋ) جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي مۇزېيىدا، جەنۇبىي چاۋشيەن پايتەخت شىسى «ئاق يولۋاس تۈەنى»نىڭ تۈەن بايرىقى جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھېكايە ھازىرقى زامان جىڭجۇ تىياتىرى «ئاق يولۋاس تۈەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش» ۋە كىنو «ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش» قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى باش قەھرىمان «يەن ۋېيسەي»نىڭ ئەسلىي پىروتىپى جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى ياڭ يۈسەي ئىدى.

ياڭ يۈسەي، 1926 ـ يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مىيەنشيەن ناھىيەسى دىڭجۈنشەن بازىرى ياڭجياشەن كەنتىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلغان. ياڭ يۈسەي ناھايىتى تېزلا بىر ئاددىي جەڭچىدىن رازۋېدكا پېيىنىڭ مۇئاۋىن پەيجاڭى بولۇپ يېتىلگەن، ئۇ زېرەك، باتۇر بولغاچقا، سەپداشلىرى ئۇنى سەممىي ھالدا «يەلتاپان»، «كىچىك تۆگۈر پالۋان»، «كىچىك جۇگې» دەپ ئاتىغان.

1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جىنچېڭ ئۇرۇشى پارتلاپ، ياڭ يۈسەي بۇيرۇققا بىنائەن كىچىك شۆبە ئەترەتنى باشلاپ «يولۋاسنىڭ چىشىنى سۇغۇرۇش» —— جەنۇبىي چاۋشيەن ئارمىيەسىنىڭ سەرخىل قىسمى بولغان پايتەخت شىسى 1 ـ تۈەنى «ئاق يولۋاس تۈەنى»نىڭ تۈەن ئىشتابىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كەچتە، ئۇ «ئامېرىكا مەسلىھەتچىسى» قىياپىتىدە ياساندى، 12 رازۋېدكىچى «مەسلىھەتچى»نى قوغداپ ماڭغان دۈشمەن ئارمىيەسى قىياپىتىدە ياسىنىپ، دۈشمەنلەر ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۇلار دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ قويۇق زەمبىرەك ئوقىغا قارىماي، رازۋېدكا لىنىيەسىنى بويلاپ دۈشمەن ئارمىيەسى تۇرۇشلۇق ئېگىزلىككە كىردى. ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا، ياڭ يۈسەي يالغۇز قالغان دۈشمەن ئەسكىرىنى تۇتۇۋېلىپ، دۈشمەننىڭ ئالاقىلىشىش پارولىنى ئۇستىلىق بىلەن بىلىۋالدى ھەم دۈشمەننىڭ بىرنەچچە قاراۋۇلخانىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

«ئاق يولۋاس تۈەنى»نىڭ تۈەن ئىشتابى تۇرۇشلۇق جايغا كىرگەندە، كىچىك شۆبە ئەترەتنى تاشيولدا توختاپ تۇرغان دۈشمەن ئارمىيەسى پايتەخت شىسى بىرونېۋىك تۈەنى 2 ـ يىڭىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى توسۇۋالدى. ياڭ يۈسەي كەسكىنلىك بىلەن ھۇجۇمغا قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاشيولدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل «ئاق يولۋاس تۈەنى»نىڭ تۈەن ئىشتابى تۇرۇشلۇق جاي ئېرچىڭدۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. ياڭ يۈسەي كىچىك شۆبە ئەترەتنىڭ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ جەڭ قىلىشىغا قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەننىڭ مۇھاپىزەتخانىسى، مەجلىسخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى، دۈشمەنلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى، ئون نەچچە مىنۇتتىلا ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۈشمەن بىرونېۋىك تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭ دەرىجىلىكتىن تۆۋەن 97 ئادىمىنى ئۆلتۈردى، يارىلاندۇردى. دۈشمەن ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شراپنېل زەمبىرەك يىڭىنىڭ مۇئاۋىن يىڭجاڭى قاتارلىق 19 كىشىنى ئەسىرگە ئېلىپ، لى چېڭۋەن ئۆز قولى بىلەن «ئاق يولۋاس تۈەنى»گە بەرگەن «غەلىبە» خەتلىك يولۋاس بېشى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراقنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ، جىنچېڭ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

1953 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق پىدائىي ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ياڭ يۈسەينى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى، 1954 ـ يىلى ئۇنىڭغا «1 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى» دەپ نام بەردى. چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق كېڭەشى دائىمىي كومىتېتى ياڭ يۈسەيگە «چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى» دەپ نام ۋە ئالتۇن يۇلتۇز مېدالى، 1 ـ دەرىجىلىك دۆلەت بايرىقى ئوردېنى بەردى.

ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ياڭ يۈسەي جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدە لىيەنجاڭ، يىڭجاڭ، مۇئاۋىن تۈەنجاڭ، شىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى، مۇئاۋىن شىجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 9 ـ، 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 4 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ياڭ يۈسەي ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەشتەك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى پائال ئۈستىگە ئېلىپ، نۇرغۇن مەكتەپنىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى يېتەكچىسى ۋە ئەخلاق تەربىيەسى مەسلىھەتچىسى بولدى، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئەنئەنە توغرىسىدىكى دوكلاتى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى، ئۇ شەندۇڭ ئۆلكىسى تەرىپىدىن مەنىۋى مەدەنىيلىكتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بېيجىڭدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى.

چىنبا تاغلىق رايونى، ياڭجياخې دەرياسى بويى، خۇتۇشەن تېغى ئالدىدا، ياڭ يۈسەينىڭ يۇرتىدا ھازىرغىچە ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى تارقالماقتا، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي روھى شۇ جايدىكى كادىرلار، ئاممىغا داۋاملىق كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)